**هەزرتى ئەيسا تەقدىم قىلغان ھاياتلىقنى تاللىۋېلىڭ!**

تۆۋەندىكى ئايەتلەر ئىنجىل:«يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» دېگەن كىتابدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن:

مەڭگۈلۈك ھايات بولسا ھەقىقي بىردىنبىر خۇدا ـ سېنى ۋە سەن ئەۋەتكەن ئەيسا مەسىھنى تونۇشتۇر.
(17ـ باب، 3ـ ئايەت)

ھەممىدىن بۇرۇن كالام مەۋجۇت ئىدى. ئۇ خۇدا بىلەن بىللە ئىدى ھەم ئۆزى خۇدا ئىدى.كالام ـ ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى بولۇپ، بۇ ھاياتلىق ئىنسانلارغا يورۇقلۇق ئېلىپ كەلدى.
(1ـ باب، 1ـ ۋە 3ـئايەت)

چۈنكى خۇدا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى شۇ قەدەر سۆيدىكى، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر يېگانە ئوغلىغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك بولماي، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشسۇن دەپ، ئۇنى قۇربان بولۇشقا ئەۋەتىپ بەردى. (3ـ باب، 16ـئايەت)

. . .مەن بېرىدىغان سۇنى ئىچكەنلەر مەڭگۈ ئۇسسىمايدىغان بولىدۇ. مەن بېرىدىغان سۇ، ئىچكەن كىشىدە ئېتىلىپ چىقىدىغان بىر بۇلاق بولۇپ، ئىچكەنلەرگە مەڭگۈلۈك ھاياتنى تەقدىم قىلىدۇ. (4ـ باب، 14ـئايەت)

خۇدا بېرىدىغان نان ئاسماندىن چۈشكىنى بولۇپ، دۇنيادىكى ئادەملەرگە ھاياتلىقنى تەقدىم قىلىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دېدى:
- مەڭگۈلۈك ھاياتنى تەقدىم قىلىدىغان نان مەن-ئۆزۈمدۇرمەن! مېنىڭ يېنىمغا كەلگەنلەر ھەرگىز ئاچ قالمايدۇ. ماڭا ئېتىقاد قىلغانلار ھېچقاچان ئۇسسىمايدۇ. (6-باب، 33- ۋە 35-ئايەت)

بىلىپ قويۇڭلاركى، ماڭا ئېتىقاد قىلغانلار مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئاللىقاچان ئېرىشكەن بولىدۇ. (6- باب، 47-ئايەت)

ھەزرىتى ئەيسا يەنە كۆپچىلىككە مۇنداق دېدى:
- دۇنيانىڭ نۇرى ئۆزۈمدۇرمەن. ماڭا ئەگەشكەنلەر قاراڭغۇلۇقتا ماڭمايدۇ. ھاياتلىق نۇرىغا ئېرىشىدۇ.
(8- باب، 12-ئايەت)

ياخشى قويچى ئۆزۈمدۇرمەن. ياخشى قويچىنىڭ قويلىرى ئۈچۈن جېنىنى پىدادۇر. (10- باب، 11-ئايەت)

ئۇلارغا مەڭگۈلۈك ھاياتنى تەقدىم قىلىمەن. ئۇلار ئەسلا ھالاك بولمايدۇ. ئۇلارنى ھېچكىم قولۇمدىن تارتىۋالالمايدۇ.
(10- باب، 28-ئايەت)

ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭغا:

ـ يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن. مېنىڭسىز ھېچكىم ئاتام خۇدانىڭ يېنىغا بارالمايدۇ. (14ـ باب، 6ـ ئايەت)

ـتىرىلىش ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن! ـ دېدى ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭغا، ـ ماڭا ئېتىقاد قىلغان كىشى ئۆلسىمۇ، يەنە ھايات بولىدۇ! (11ـ باب، 25ـئايەت)

بۇ خاتىرىلەر سىلەرنى ھەزرىتى ئەيسانىڭ قۇتقۇزغۇچى ـ مەسىھ، شۇنداقلا خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلسۇن ھەمدە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ نامى بىلەن ھاياتلىققا ئېرىشسۇن دەپ يېزىلغان.
(20ـ باب، 31ـئايەت)